# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报 （维吾尔文）

(بۇ سان تۆت بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئاپرېل
6
يەكشەنبە


**ھاۋارايىدىن مەلۇمات:** ئۈرۈمچىدە كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋابۇلۇتلۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 4 °C - 10 °C بولىدۇ، تۆت بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

## مۇستەقىل ـ ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيىسى سىياسىتىدە چوقۇم چىڭ تۇرۇش لازىم

— «تەزىيە نۇتقى»نى ئۆگىنىپ، مەرھۇمنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا (9)

«خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى


تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ تېما. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇشۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مۇستەقىل ـ ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيىسى ستراتېگىيىسىنى تۈزدى، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى خەلقئارا مۇھىت ۋە تاشقى مۇناسىۋەت يارىتىپ بەردى.

مۇستەقىل ـ ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇش تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىتىنى بەلگىلەش دېگەنلىك. مۇستەقىل ـ ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئۆتكەندە بىزنىڭ مەۋقەيىمىز ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. جۇڭگو تاشقى سىياسەتتىكى مۇستەقىل ـ ئۆزگە ئۆزى خوجا بولۇشتا، ھەقىقىي تۈردە ئىتتىپاق تۈزمەيدۇ، باشقىلارنى كوزىر قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭمۇ جۇڭگونى كوزىر قىلىۋېلىشىغا يول قويمايدۇ؛ باشقا دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ھەمكارلىق قىلىدۇ؛

يەتكۈزۈشكە، جۇڭگونىڭ باشقىلار ئۆزگە زىيان سالغاندىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە يول قويمايدۇ؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، تاشقى ئالاقىنى كېڭەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، چەتتىن كەلگەن چىرىك ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

تىنچلىق دىپلوماتىيىسى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقئارا تالاش - تارتىشنى تىنچ يول بىلەن، سۆھبەتلىشىش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى، خەلقئارا تالاش - تارتىشلاردىكى بەزى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، پارتلاش نۇقتىلىرىنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىش دېگەنلىك. بۇنداق قىلىشنىڭ سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى شۇكى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقلىق، تىنچلىققا، خەلقئارادا تىنچ مۇھىتقا موھتاج؛ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى شۇكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشتى، ئۇرۇش خەۋپى يەنىلا مەۋجۇت، بىراق ئۇرۇشنى چەكلەيدىغان كۈچلەر زورىيىۋاتىدۇ؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تىنچ تەرەققىياتقا ...

## جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبەرلەر بېيجىڭدا مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكتى



4-ئاينىڭ 5-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بېيجىڭدىكى تيەنتەن باغچىسىدا پىئونېرلار بىللە يېڭىدىن تىكىلگەن ئارچا كۆچىتىگە سۇ قۇيماقتا. شىنخۇا ئاگېنتلىقى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ، 5-ئاپرېل تېلېگراممىسى. بۈگۈن پايتەخت خەلقىنىڭ 13-نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش كۈنى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، لى پېڭ، لى رۇيخۇەن، جۇرۇڭجى، ليۇ خۇاچىڭ، خۇجىنتاۋ قاتارلىق كىشىلەر بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى بېيجىڭدىكى تيەنتەن باغچىسىغا كېلىپ، پايتەخت خەلقىنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

تيەنتەن باغچىسىدا دەل-دەرەخلەر، ئوت -چۆپلەر كۆكىرىپ كەتكەن، گۈل-چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، ھەممە يەرنى باھار مەنزىرىسى قاپلىغانىدى. جياڭ زېمىن گۈرجەكنى ئېلىپ كۆچەت تىكىش مەيدانىغا كەلدى. ئۇ بىر تۈپ ئارچا كۆچىتىگە توپا يۆلەۋېتىپ، يېنىدا كۆچەت تىكىۋاتقان بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋېي جيەنشىڭغا: «مەن تېلېۋىزوردىن ئۇرگان قورۇسىغا كۆچەت تىكىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆردۈم» دېدى. ۋېي جيەنشىڭ: «بۇ بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، بۈگۈن شەھىرىمىزدىكى 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشى كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى» دېدى. ئورمانچىلىق مىنىستىرى شۈي يۇفاڭ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان 16 يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە 5 مىليارد ئادەم (قېتىم) كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 25 مىليارد تۈپ كۆچەت تىكىلدى. جياڭ زېمىن بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن: «بەك ياخشى بوپتۇ! كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ۋەتىنىمىزنى كۆكەرتىش ـ دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ پايدىلىق چوڭ ئىش، ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەركەتكە كېلىشى. بۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك» دېدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى كۈچەيتىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ شىنۋېي، شۈيەنلى خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 - قارارلىق شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسىدا 4-ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوقۇش باشلاندى. كۇرستا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى نۇقتىلىق ئۆگىنىلىدۇ. ھەربىي رايوننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىن كەلگەن شى، تۇەن دەرىجىلىك 83 رەھبەر ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جۇيۇڭشۇن سەپەرۋەرلىك سۆزى ...



# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 （维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
ئاپرېل
7
دۈشەنبە


ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:
كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئوچۇق بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 13℃ - 4℃ بولىدۇ. تۆت بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

## بىر جۈملىلىك خەۋەر

● مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى كىتابخانىلاردا تارقىتىلىشقا باشلىدى.

ساۋۇت سالاھىدىن


ئابلەت ئابدۇرېشىت توقسۇندا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە مۇئۇلارنى تەلەپ قىلدى

## ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى تېزلىتىش، پاختىچىلىقنى ياخشى تۇتۇش لازىم

ئۆز مۇخبىرىمىز **چېن يەن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 4- ئاينىڭ 5 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە توقسۇن ناھىيىسىدىكى كادىرلاردىن ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى، پاختىچىلىقنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەككىز بال بورانغا قارىماي، بۇلتۇر ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ كەنت بويىچە كۆچۈرۈلگەن ئەگرى كەنتى دېھقانلىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى. دېھقان ئابلا مەيدۇننىڭ يەتتە ئېغىز ئۆيىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا 5500 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇل بەرگەندىن كېيىن ئۇ تۆت ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىۋالغانىدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت: «تۇرمۇشىڭىزدا نېمە قىيىنچىلىقىڭىز بولسا دەڭ» دېگىنىدە، ئابلا مەيدۇن رەھمەت ئېيتىپ: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىز بولمىغان بولاتتى. كەنت ماڭا ئۈچ مو جايلىق يەر بەردى. ھازىر سۇ قىسلىق قىلىۋاتىدۇ، سۇلا بولسا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى بولاتتى» دېدى. توقسۇن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سەمەتئەيسا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغان تۆت تەبىئىي كەنتتىن ئىككى كەنتنىڭ بىرى، 5000 مو بوزيەر ئاچماقچى. يېزا - كەنت پىلانى ئۆلچىمى بويىچە بىر - تۇتاش لايىھىلەپ تۆت قۇدۇق قازدۇق، ئېھانە ئورمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن سەككىز كىلومېتىر يەر تۈزلەپ قويدۇق. 7.5 كىلومېتىر توك سىمى تارتتۇق، ناھىيە بويىچە 2942 ئېغىز يېڭى ئۆي سالدۇق، ئاپەتكە ئۇچرىغان 90% تىن ئارتۇق دېھقان يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «تېخى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرمىگەن ئاممىنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك» دېدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت توقسۇن ناھىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، سۇ بۇزۇۋەتكەن قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش، كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، توقسۇن ناھىيىسىدىن ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى تۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى تەۋرەنمەي چىڭ تۇتۇپ، كۆلەمنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي ھوجۇمنى بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىشنى، پەن - تېخنىكا سىڭدۈرۈشنى كۆپەيتىپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، يوقىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.



## پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش لازىم

—«تەزىيە نۇتقى» نى ئۆگىنىپ، مەرھۇمنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا (10)

«خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو كۈچ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ شانلىق كەلگۈسىگە يېتەكلەيدىغان غەلىبە بايرىقى، ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇب بولۇشى پارتىيىگە باغلىق. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش - يولداش جياڭ زېمىن «تەزىيە نۇتقى» دا ئوتتۇرىغا قويغان ئون تەلەپنىڭ ئاخىرقى بىرى، شۇنداقلا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىرى.

پارتىيىمىز يېڭى تارىخىي شارائىتتا خەلقنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىشكە يېتەكلەشتە ئېغىر تارىخىي يۈكنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ يېڭى سىناقتا، يەنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىنىقىغا، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، چەتنىڭ مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا جۇشقۇنلۇق ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگىچە، ئىقتىسادىي بازىستىن ئۈستقۇرۇلمىغىچە بولغان چوڭقۇر ئىسلاھات بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان سوبيېكتلارنىڭ سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، پارتىيىنىڭ قوماندانلىق قىلىش كۈچىنى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

پارتىيىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت تەشكىلاتى، ئۇنىڭ ئىلغارلىقى شۇكى، ئۇ ئىلمىي ئىدىيە، نەزەرىيە بىلەن قوراللانغان، ئۇ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاشتا ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيە، نەزەرىيىسى يەنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش لازىم. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارتىيە قۇرۇلۇش نەزەرىيىسى بولۇپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ يۆنىلىشكە ئەمەل قىلىپ، پارتىيىمىزنى باشتىن ئاخىر ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، باشتىن ئاخىر دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرالايدىغان قىلىش لازىم.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى باشتىن ئاخىر ساقلاش، قەتئىي سىياسىي مەيدان، روشەن سىياسىي كۆز قاراش، قاتتىق سىياسىي ئىنتىزام، ئوتكۇر سىياسىي

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 （维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

1997 - يىل
ئاپرېل
9
چارشەنبە

ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋارايى:
كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 5℃ - 16℃ بولىدۇ، ئۆت بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)


## خىجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىدا خىزمەت كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان 100 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى قوتقۇزدى

تۈز مۇخبىرىمىز جاۋ يۇ، «جۇڭگو قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گېزىتى» مۇخبىرى جاڭ خۇڭ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى يۇ بىن خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ ئاخىرى بىز خۇشۇت ناھىيىسى ئۇششاق تال يېزىسىنىڭ دالاۋىيا كەنتىدە ئەزەلدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ باقمىغان كەڭ كەتكەن بوزيەردە قىر سېلىنغان، تۈزلەنگەن، سۇغىرىلغان سالا ئېتىزلارنى كۆردۇق. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانا خىجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قوتقۇزۇشى ئۈچۈن تەييارلىغان 3000 مو يەر ئىدى. بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئەترىتىنىڭ باشلىقى ليۇ شىچاڭ بىزگە مۇنداق دېدى: ھازىر ئۇچ ماشىنىلاشقان قۇدۇق قازدۇق، 900 مو بوزيەر ئاچتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە 32 مو يەرگە بۇغداي تېرىدۇق.

تيانشاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى بالغۇنتاي رايونىغا جايلاشقان خىجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى ئېلىمىز ھەربىي سانائىتىدىكى 15 كىچىك 3 - سەپ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ بىرى.

يولداشلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون خىجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئون ماددىلىق تەدبىر تۈزدى.

جۈملىدىن ئاپتونوم رايون خىجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغانلىقى، خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، زاۋۇتتىن خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان قىسمەن ئىشچى -

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



## يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش باشلىنىپ كەتتى

## ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشتى

تۈز مۇخبىرىمىز جاڭ لىشۇ خەۋەر قىلىدۇ: يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ سايباغ رايونىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت كادىر، ئامما ئالتە بال بورانغا قارىماي يامالىق تېغىغا كېلىپ، مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇدۇنفۇ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار قاتناشتى.

يامالىق تېغى سايباغ رايونىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (تاغ قاپلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەخمىنەن 40 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تېخىچە كۆكەرتىلمىگەن ئاز ساندىكى رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇدۇنفۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولتۇر 11 - ئايدا ئېچىلغان نەق مەيدان يىغىنى يامالىق تېغىنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش ۋە ئېچىش خىزمىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يامالىق تېغىنى ئېچىش، كۆكەرتىش ۋە ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزگەن ۋە بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىپ، كۆكەرتىش دولقۇنى قوزغاشنى قارار قىلغان، باش قوماندانلىق شتابى قۇرغان. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەسەم بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالتە بال بورانغا قارىماي، يامالىق تېغىدا مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشتى.

تۈز مۇخبىرىمىز ۋاڭ ۋېيجۈن فوتوسى

## خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تېلېگرامما يوللاپ، يەر تەۋرىگەن جايلاردىكى ئاممىدىن ھال سورىدى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە:**

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت يەتتىدىن 46 مىنۇت ۋە سائەت 12 دىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە، پەيزاۋات، ئاتۇش قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە 6.3، 6.4 بال قاتتىق يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئارقىلىق ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلقتىن سەممىي ھال سورايمىز، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان كادىرلار، ئامما، داۋالاش خادىملىرىغا ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ئاپەت يۈز بەرگەن پەيتتە، ئاپەت بولغان جايدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ

ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش، يۇرتىنى قايتا قۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىشىنىمىزكى، ئاپەت بولغان رايوندىكى خەلق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ پائال قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن چوقۇم بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن كۈچۈنۈپ ئىشلەپ، ئاپەت كەلتۈرگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرتىنى قايتا قۇرۇپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ

# شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 1996 - يىللىق پايچىكلار يىغىنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئېلانى

شىركەت 1- نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى 5 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1997- يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە پايچىكلارنىڭ 1996 - يىللىق يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى. ھازىر ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئېلان چىقاردۇق:

**بىرىنچى، يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىلىرى**

(1) «مۇدىرىيەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى قاراپ چىقىش؛

(2) «نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى قاراپ چىقىش؛

(3) «1996 - يىللىق مالىيە نەقچوتى توغرىسىدىكى دوكلات» ۋە «1997 - يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدىكى دوكلات»نى قاراپ چىقىش؛

(4) «1996 - يىللىق پايدا تەقسىم قىلىش لايىھىسى»نى قاراپ چىقىش؛

(5) «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھەمكارلىق بانكىسىغا پاي قوشۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھە»نى قاراپ چىقىش؛

(6) «ئېلېكترونلۇق ئاليۇمىن ياپراقچىسى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھە»نى قاراپ چىقىش؛

(7) «مۇدىرىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھە»نى قاراپ چىقىش .

**ئىككىنچى، يىغىنغا قاتنىشىدىغان خادىملار**

شىركىتىمىزنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى، نازارەتچىلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە 1997 - يىل 5- ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىنكىچە سودىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، شاڭخەي ئاكسىيە مەركىزىي ھېسابات بۆلۈمىدە تىزىمغا ئالدۇرۇش شىركىتىگە تىزىملىتىپ ئۆزىنى روېخەتكە ئالدۇرغان شىركىتىمىز پايچىكلىرى. پايچىكلار مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىسا، باشقىلارنى قاتنىشىشقا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، تىزىملاش چارىسى**

(1) قانۇنىي ئىگە پايچىكلار خىزمەت ئورنىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتى، پايچىكنىڭ ھېسابات دەپتىرى، ھاۋالە خېتى ۋە ۋەكىللىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى، جەمئىيەتتىكى پايچىكلار سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، پايچىكنىڭ ھېسابات دەپتىرى ۋە پاي دوكومېنتى (ھاۋالە بىلەن قاتناشقۇچىلار يەنە ھاۋالە خېتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ)نى ئېلىپ كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرىدۇ ۋە يىغىنغا قاتنىشىش گۇۋاھنامىسى ئالىدۇ. ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلاردىكى پايچىكلار خەت ياكى فوتو تېلېگراف ئەۋەتىش ئارقىلىق تىزىمغا ئالدۇرسا بولىدۇ.

**(2) تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنى: شىركەت مۇدىرىيىتىنىڭ كاتىبات باشقارمىسى.**

**تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى: 1997- يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە.**

چۈشتىن ئىلگىرى: 10:00 دىن 14:00 كىچە، چۈشتىن كېيىن: 15:30 دىن 19:00 (بېيجىڭ ۋاقتى)غىچە.

**تۆتىنچى، باشقا ئىشلار**

(1) يىغىن يېرىم كۈن ئېچىلىدۇ. يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار قاتناش، تاماق، ياتاق خىراجەتلىرىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ.

**2. شىركەتنىڭ ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قەشقەر شەرقىي يولى 18 - نومۇر.**

**پوچتا نومۇرى: 830013**

**ئالاقىلىشىش تېلېفونى : 2933 _ 3835306 (0991)**

**(0991) 3813553**

**فاكس: 3837493 (0991)**

**ئالاقىلەشكۈچى: خېلى شياۋيىڭ، دېڭ خۇيشىن**

**شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى مۇدىرىيىتى**

**1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى**

# شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ قارارى توغرىسىدىكى ئېلان

شىركىتىمىز 1- نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ 5- يىغىنى 1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى جېڭشىن مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا تۆۋەندىكى قارارلار قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى:

1. باش دىرېكتورنىڭ كەسپىي دوكلاتى؛

2. مۇدىرىيەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى؛

3. شىركەتنىڭ 1996 - يىللىق دوكلاتى ھەم يىللىق دوكلاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى؛

4. شىركەتنىڭ 1996 - يىللىق مالىيە نەقچوتى ۋە 1997 - يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى؛

5. شىركەتنىڭ 1996 - يىللىق پايدا تەقسىملەش لايىھىسى.

شىركىتىمىز 1996 - يىلى 25 مىليون 330 مىڭ 373 يۈەن 69 فۇڭ پايدا ئالدى، بۇنىڭ% 10 ى ، يەنى 2 مىليون 533 مىڭ 37 يۈەن 37 فۇڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن پايدا قالدۇقى سۈپىتىدە جامائەت فوندىغا، يەنە% 10 ى، يەنى 2 مىليون 533 مىڭ 37 يۈەن 37 فۇڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن پاراۋانلىق فوندىغا قالدۇرۇلىدۇ. پايچىكلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان پايدا ئۈچۈن 20 مىليون 264 مىڭ 298 يۈەن 95 فۇڭ قالدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئالدىنقى يىلى تەقسىم قىلىنمىغان 6 مىليون 983 مىڭ 696 يۈەن 48 پۇڭنى قوشقاندا، ئەمەلىيەتتە، تەقسىم قىلىنىدىغان پايدا 27 مىليون 247 مىڭ 995 يۈەن 43 فۇڭ بولىدۇ. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 79 مىليون 530 مىڭ يۈەن پاي دەسمايىسىغا ئاساسەن، بارلىق پايچىكلارنىڭ ھەر ئون پېيىغا پايدا سۈپىتىدە ئۈچتىن پاي قوشۇپ بېرىلىدۇ. قوشۇپ بېرىلىدىغان پاي 23 مىليون 859 مىڭ يۈەن، قالغان 3 مىليون 388 مىڭ 995 يۈەن 43 فۇڭ كېلەر يىلى تەقسىم قىلىشقا قالدۇرۇلىدۇ.

بۇ لايىھە 1996 - يىللىق پايچىكلار يىغىنىدا قاراپ چىقىپ تەستىقلانغان ھەم ئاكسىيە باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يولغا قويۇلىدۇ.

6. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھەمكارلىق بانكىسىغا پاي قوشۇش توغرىسىدا تەكلىپ؛

7. ئېلېكترونلۇق ئاليۇمىن ياپراقچىسى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ؛

8. 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (سەيشەنبە) 1996 - يىللىق پايچىكلار يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى.

**شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى مۇدىرىيىتى**

**1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى**

## قوشۇمچە: ھاۋالە خېتى

تولۇق ھوقۇقلۇق ھاۋالىچىمىز

ئەپەندى (خانىم) ماڭا ۋەكالىتەن شىنجاڭ (جۇڭخې) پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 1996 - يىللىق پايچىكلار يىللىق يىغىنغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزىدۇ.

ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئىمزاسى:

سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى نومۇرى:

ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ قولىدىكى پاي سانى:

ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ پاي ھېسابات دەپتىرى:

ھاۋالە قىلىنغۇچىنىڭ ئىمزاسى:

سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى نومۇرى:

ھاۋالە قىلغان ۋاقىت:

